سېسترالار مەخسۇس ئامبۇلاتورىيەسى تەسىس قىلىندى  پەرۋىش قىلىشنى توردا ئالدىن كېلىشىش نۇقتىدا سىناق قىلىندى

# ئاپتونوم رايونىمىز پەرۋىش مۇلازىمىتى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجنى قاندۇردى

مۇخبىرىمىز گاۋ ۋا خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى كاندىدات مۇدىر سېسترا، شىنجاڭدىكى تۇنجى لىمفا سۇيۇق ئىششىقنى داۋالىغۇچى جاڭ لىپىڭ كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان بىر ئاغرىقنىڭ يارىسىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن، يارا پەرۋىش قىلىش ئامبۇلاتورىيەسى ھەم لىمفا سۇيۇق ئىششىقنى داۋالاش ئامبۇلاتورىيەسىگە قايتىپ كېسەل كۆردى. «بىزنىڭ ئامبۇلاتورىيەگە لىمفا سۇيۇق ئىششىقنى داۋالىتىشقا كېلىدىغان ئاغرىقلار 9 ـ ئايغىچە ئالدىن كېلىشىپ بولدى، مەن ئاغرىقلارغا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرمىسام بولمايدۇ» دېدى جاڭ لىپىڭ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ـ پەرۋىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ھەم ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان كۆپ خىللاشقان ساغلاملىق ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن دوختۇرخانىلار سېسترالار مەخسۇس ئامبۇلاتورىيەسى تەسىس قىلدى، جاڭ لىپىڭغا ئوخشاش، بارغانسېرى كۆپلىگەن مەخسۇس سېسترالار دوختۇرلارغا ئوخشاش ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرمەكتە. ئاغرىقلارنىڭ تۈرلۈك پەرۋىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغاندىن باشقا، يارا پەرۋىش قىلىش ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ مەخسۇس سېسترالىرى يەنە دوختۇرلارنى ئوپېراتسىيە ئورنىنى بېكىتىش، يارىنى پەرۋىش قىلىپ داۋالاش قاتارلىق پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پەرۋىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پەرۋىش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەخسۇس سېسترالارنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش مېخانىزمى ئورناتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بەش داۋالاش ئاپپاراتى مەملىكەتلىك پەرۋىش پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي توققۇز كەسپىي ساھەدە 17 مەخسۇس سېسترالارنى تەربىيەلەش بازىسى ھەم بىر كەسپىي تېخنىكا سېسترالىرىنى تەربىيەلەش بازىسى بار بولۇپ، مەخسۇس سېسترادىن تەخمىنەن 6000 كىشىنى يېتىشتۈردى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سېسترالارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 95 مىڭ بولۇپ، 2015 ـ يىلدىكىدىن 43 مىڭ كۆپەيدى، ھەر 1000 نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان تىزىمغا ئېلىنغان سېسترا سانى 3.88 كىشى بولۇپ، 2015 ـ يىلدىكىدىن 1.55 كىشى كۆپەيدى.

پەرۋىش ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەرۋىش مۇلازىمىتى ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، پەرۋىش ئەندىزىسىدىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلدى. شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا پەرۋىشنى ئۇزارتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارنىڭ ئېلېكتروندۇق ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ئاغرىقلارنى ئىز قوغلاپ قايتا زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى جۇڭگىيچە پەرۋىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل ئەھۋالىغا ھەم سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئاغرىقلارنى، سوزۇلما كېسەل ئاغرىقلىرىنى دورا چاپلاش، سىيرىپ داۋالاش، قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يىل 2 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى «ئالاقە تورى+پەرۋىش مۇلازىمىتى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلىپ، قاراماي شەھىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ۋە شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنى ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان شەھىرى ۋە ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، «سېسترالار بىلەن توردا كېلىشىش» كۆپ مەنبەلىك پەرۋىش مۇلازىمىتى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاممىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ساغلاملىق ئېھتىياجىنى قاندۇردى. نۆۋەتتە، نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئۈچ شەھەر ـ ئورۇننىڭ ھەممىسى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزدى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى «دى دى ئاپتوموبىل چاقىرىش» ئەندىزىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ «ئالاقە تورى+پەرۋىش مۇلازىمىتى»نى ئالغا سىلجىتتى، ئۇچۇر باشقۇرۇش سۇپىسى پات يېقىندا توردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى پەرۋىش كەسپى ساھەسىدە يېڭى ئىدىيە، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشنى زورايتىپ، ئاپپاراتنى تىرەك، ئائىلىنى ئاساس، مەھەللىنى تايانچ قىلغان ياشانغانلار پەرۋىش مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئورنىتىدىكەن؛ مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ سوزۇلما كېسەللەرنى باشقۇرۇش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدىكى كۈتۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ پەرۋىش مۇلازىمىتىنى ئائىلىلەرنىڭ ئائىلىسىگىچە ئۇزارتىدىكەن.

# «بىر بەلباغ، بىر يول» يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەن گاڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەققىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىم تەرەققىيات پۇرسىتىنى تۇتۇپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى ۋە رايون ئەۋزەللىكىدىن تولۇق ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆز خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. يېڭى باسقۇچتا «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك. مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ساياھەت ھەمكارلىقى، سەھىيە، ساغلاملىق ھەمكارلىقىنى ھەققىي قانات يايدۇرۇش ھەم ھەمكارلىق ئارقىلىق ئەلنى مايىل قىلىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىلغار تېخنىكا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقىنى تېزلىتىپ، يېراقتىن داۋالاش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، يېڭى ئېنېرگىيە ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئاتچىلىق كەسپى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى قاتارلىق جەھەتلەردە «سىرتقا چىقىرىش» سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجادچان يىپەك يولى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش بويىچە ئۆز ئارا تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى تەرەققىياتىنى ئەقلىي كۈچ ۋە ئىختىساسلىقلار مەدەتتى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر ئېڭى ۋە تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش ۋە مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەم تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

ئۇرلان ئەبلىمەجىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونلۇق رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق تەرەققىيات يولى ۋە يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، «ئىنچىكە سىزما رەسىم» سىزىش روھى ئارقىلىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

يىغىندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشلىنىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىشىغلا، كۆك رەڭنى ئاساسىي رەڭ تۈسى قىلغان شىنجاڭ ئوبرازى كۆرگەزمە زالى قىزىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت، يېڭى ماتېرىياللار قاتارلىق ساھەلەردىكى نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆرگەزمە سۇپىسى ئالدىدا، قەشقەر شىنشىن مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لىيۇ لىيۇشۇەن سودىگەرلەرگە مەھسۇلاتلىرىنى پائال تونۇشتۇرۇۋاتاتتى، «مەن بۇ قېتىم چىلان تۈرىدىكى ئالتە خىل مەھسۇلاتنى كۆرگەزمىگە ئېلىپ كەلدىم، بىزنىڭ ئورگانىك يېمەكلىك ئۆسۈپ تىغا ئېرىشكەن چىلانلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ بازار تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» قىسقىغىنا بىر سائەت ئىچىدە، جېجياڭ، تەيۋەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر لىيۇ لىيۇشۇەنگە يەنىمۇ كېڭىشىپ ھەمكارلىشىش مۇددىئاسىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى تاشقى سىلىنما ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى فۇ چاۋخۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 900 نەچچە تۈردىن سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 132 نۇقتىلىق تۈرنى ئىنچىكە تاللىدى، بۇ تۈرلەر نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بايلىقى، جابدۇق ياسىمىچىلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، يىپەك يولى كۆرگەزمىسى سۇپىسى ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مېھمان سودىگەرلەرگە ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كېيىنكى قەدەمدە دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مۇكەممەل داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇش تۇتقا قىلىنىپ، رايون ئەۋەسىدىكى داۋالاش ـ سەھىيە بايلىقى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، داۋالاش بايلىقىنى تەقسىملەش سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەخسۇس كېسەللەر ئىتتىپاقى بەرپا قىلىش تېزلىتىلىپ، ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ساغلاملىق بەخت ـ سائادەتنى يارىتىلىدۇ» دېدى لى لىنيۇ.

### ■ دورىغا پىرسەنت قوشۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاغرىقلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى

«ئاپتونوم رايونىمىزدا داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى ئەزەلدىن توختاپ باقمىدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا سىڭگەن ئاچقۇچلۇق سۆز ‹دورا› بولدى.» لى لىنيۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2017 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ دورىغا پىرسەنت قوشۇش ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى دورا كىرىمى جەھەتتە ئاغرىقلارنىڭ 2 مىليارد 200 مىليون يۈەن چىقىمىنى ئازايتقان.

ئاغرىقلارغا نەپ يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە كەمچىل دورىلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، دورا بىلەن تەمىنلەشنىڭ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 18 داۋالاش ئاپپاراتىنى ئاپتونوم رايوندىكى كەمچىل دورىلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دورا بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇرىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، كېلىنىكىدا دورا كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەققىي ھەل قىلدى. نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ ئالدىن سىگنال بېرىلگەن كەمچىل دورا تۈر 271گە يەتتى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇپرىما ماتېرىياللارغا پىرسەنت قوشۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نۆل پەرق نىسبىتى بويىچە سېتىشنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئۇپرىما ماتېرىيال 9000 تۈر(خىل)گە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنى مىسالغا ئالساق، دوختۇرخانا دائىم ئىشلىتىدىغان بەختەر قالدۇرما ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ ئەسلىدىكى يەككە باھاسى 29.3 يۈەن بولۇپ، پىرسەنت قوشۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى باھاسى 25.5 يۈەن بولغان. 2018 ـ يىلى پۈتۈن دوختۇرخانىدىكى بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنىڭ 125 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئىشلىتىش مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ تۈردە 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن ھەق كېمەيتىلگەن.

«نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز يەنە كېسەل دىياگنوزى بويىچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ھەق ئېلىش ـ تۆلەش، كېسەل تۈرى بويىچە ھەق تۆلەش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇپ، داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ئاغرىقلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرۈستىشى قىممەت بولۇش، دورا ئىچىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلماقتا» دېدى لى لىنيۇ.

### ■ 13 دوختۇرخانا زامانىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى

«ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئاممىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش، داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى تېخىمۇ شۇنداق. ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، نازارەت قىلىش كۈچلۈك بولغان زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشمۇ ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پايدىلىق سىناق» دېدى لى لىنيۇ.

بۇ يىل 2 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 دوختۇرخانا زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان دوختۇرخانىلار دوختۇرخانا نىزامنامىسىنى تۈزۈش، دوختۇرخانىنىڭ كېڭىشىش، تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، داۋالاش سۈپىتى، بىخەتەرلىكى يادرولۇق تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دورا، ئۇپرىما ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتىش، دوختۇرخانىنىڭ مالىيە ـ مۈلۈك باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دوختۇرخانىنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش، ئىچكى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دوختۇرخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ.

«داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى ساھەلەردە باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بەزى ساھەلەر تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى ‹چوڭقۇر سۇ رايونى›غا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.» لى لىنيۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز تەننەرخ ۋە كىرىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مائاش تۈزۈمى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، دورىلارنىڭ ساختا، يۇقىرى باھاسىنى يەنىمۇ قىسىپ، دوختۇرخانا باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دورىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ مۇلازىمەت قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يېڭى ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، داۋالاش ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىدىكەن.

# شىنجاڭنىڭ «سولياۋنىڭ ئورنىنى ئالغان» بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالى تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا كىردى

مۇخبىرىمىز جاۋ يۈنىڭ شىنجاڭ كاگرۇنجيې مۇھت ئاسراش پەن ـ تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، بۇ شىركەت كورىيە، ياپونىيە ئىككى دۆلەتتىن كەلگەن بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالى مەھسۇلاتىنى تۈركۈملەپ سېتىۋېلىش زاكازىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئىسپانىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق كۆپ دۆلەتلەرنىڭ سېتىۋالغۇچى سودىگەرلىرى بىلەن مال بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەشكەن بولۇپ، تۇنجى قېتىم شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان «سولياۋنىڭ ئورنىنى ئالغان» بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالىنى خەلقئارا بازارغا كىرگۈزىدىكەن.

«شىركىتىمىز ئىشلەپچىقارغان ‹سولياۋنىڭ ئورنىنى ئالغان› بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالىدا كۆممىقوناق خام ماتېرىيال قىلىنغان بولۇپ، ئالتە ئايدىلا تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزم تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىپ ماددا ئالماشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا سۇ ۋە كاربون (IV) ئوكسىدىغا پارچىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىركەت ئىشلەپچىقارغان بىيولوگىيەلىك پارچىلىنىدىغان يوپۇق جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى 14 ناھىيە، شەھەردىكى 1 مىليون مو ئېتىزلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يوپۇق ‹ئاق بۇلغىنىش›نى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى» دېدى شىنجاڭ كاگرۇنجيې مۇھت ئاسراش پەن ـ تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى كۇڭ لىمىڭ.

شىنجاڭ خوجۇ ئىگىلىك تىكلەش ـ مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ تيەنپىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالى مەھسۇلاتى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھت ئاسراش مەھسۇلاتلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق يۈنىلىشى بولىدىكەن. كاگرۇنجيې مۇھت ئاسراش پەن ـ تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «سولياۋنىڭ ئورنىنى ئالغان» بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالىنى چەت ئەللەرنىڭ زاكاز قىلىشى كارخانىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئۆلچىمىنىڭ خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارا بازارنى ئېچىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ يېڭى ماتېرىيال كەسپى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايان قىلغان.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى ئوت ئۆچۈرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تىك ئۇچار ئايروپىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

مۇخبىرىمىز دېي شياۋيې، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ياڭ ۋېنجاۋ، جياڭ يەن خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى ئوت ئۆچۈرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تىك ئۇچار ئايروپىلانى كۈيتۇن شەھىرىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ شىنجاڭنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

تۇنجى ئوت ئۆچۈرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ تىپى H125(AS350) بولۇپ، يەنە «تېيىنچاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۆتۈرۈلۈش ئېغىرلىقى چوڭ، ئىچكى بوشلۇقى چوڭ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھەرىكەتچانلىقى ياخشى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ناچار ھاۋا شارائىتىدىكى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش مەشغۇلاتى ۋە ئېغىر نەرسىلەرنى يۆتكەشكە ماس كېلىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا بىر ئۇچقۇچى ۋە بەشتىن ئالتىگىچە يولۇچىنى توشۇيالايدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 1.5 توننا ئېغىرلىقتىكى يۈكنى ئېسىپ ئۇچالايدۇ، ئورمان ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتىدە قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، (ئادەتتىن تاشقىرى) يۇقىرى قەۋەتلىك بىنالاردىكى ئوت ئاپىتىدە قاپسىلىپ قالغانلارنى يۆتكەپ توشۇش قاتارلىق ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دالىدا قۇتقۇزۇش، قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈش قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. تۇنجى ئوت ئۆچۈرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تىك ئۇچار ئايروپىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، چارلاش، ئوت كەتكەن جاينى رازۋېدكا قىلىش، ھاۋادىن قوماندانلىق قىلىش، ئوت كەتكەن جاينىڭ ئارقا سەپ كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش باش ئەترىتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتىنىڭ كۈيتۇن شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش چوڭ ئەترىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، بۇ جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش تىك ئۇچار ئايروپىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 72 سائەتلىك قۇتقۇزۇشنىڭ ئالتۇن ۋاقىتىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، كۈيتۇن شەھىرىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتى، تاغ ئورمىنى ئاپىتى، سۇ ئاپىتىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرگەن.